# 21787 ـ رامىزاننىڭ قازا روزىسى بار كىشىنىڭ ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتۇشى توغرىسىدا

## سۇئال

مېنىڭ رامزاندا تۇتالمىغان روزام بار، ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتۇشنى مەقسەت قىلىمەن، قازا روزامنى تۇتۇشتىن بۇرۇن ئاشۇرا كۈنىدە روزا تۇتسام بولامدۇ؟ ياكى مەن ئاشۇرا كۈنى ۋە ئون بىرىنچى كۈنى رامىزان روزىسىنىڭ قازاسىنى مەقسەت قىلىپ روزا تۇتسام بولامدۇ؟ مەن ئۆچۈن قازا روزا بىلەن بىرگە ئاشۇرا كۈنى روزا تۇتقاننىڭ ئەجىر-ساۋابى بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىم بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: رامىزاننىڭ قازا روزىسى بولغان كىشى نەپلە روزا تۇتماستىن بەلكى قازا روزىنى تۇتۇپ بولۇپ ئاندىن نەپلە روزا تۇتىشى كېرەك.

ئىككىنچى: مۇھەررەمنىڭ ئونىنچى ۋە ئون بىرىنچى كۈنى رامىزاندا مەلۇم سەۋەپلەر بىلەن تۇتالمىغان روزىنىڭ قازاسىنى تۇتسا دۇرۇس بولىدۇ، بۇ ئىككى كۈندە تۇتقان روزا ئىككى كۈنلۈك قازا روزىنى تولۇقلايدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئەمەللەر نىيەتكە باغلىق، ھەر بىر كىشى ئۆچۈن نىيەت قىلغان نەرسىسى بولىدۇ. "دائىمى كومىتېت پەتىۋاسى"11-توم 401-بەت.

"بۇنىڭ بىلەن قازا روزىنىڭ ئادا تېپىشى ۋە ئاشۇرا كۈنىنىڭ ئەجىر-ساۋابى بولىشى ئۈمىت قىلىنىدۇ". [شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىنىنىڭ: "ئىسلام مۇنارى پەتىۋالىرى"2-توم 358-بەت].

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.